# مۇناپىق دېگەن: ئىككى توپ قوينىڭ ئارىسىدا بىر قېتىم ئۇ تەرەپكە يەنە بىر قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ تۇرىدىغان سەرگەردان قويغا ئوخشايدۇ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇناپىق دېگەن: ئىككى توپ قوينىڭ ئارىسىدا بىر قېتىم ئۇ تەرەپكە يەنە بىر قېتىم بۇ تەرەپكە كېلىپ تۇرىدىغان سەرگەردان قويغا ئوخشايدۇ».
[تېكىست توغرا] [مۇسلىم رىۋايىتى]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇناپىقنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ئىككى پادا قوينىڭ قايسىسىغا ئەگىشىشنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان سەرگەردان قويغا ئوخشاتتى. بىر قېتىم بۇ تەرەپتىكى قويلارنىڭ يېنىغا بارىدۇ يەنە بىر قېتىم ئۇ تەرەپتىكى قويلارنىڭ يېنىغا بارىدۇ. مۇناپىقلار ئىمان بىلەن كۇپىرنىڭ ئارىسىدا گاڭگىراپ قالغۇچىدۇر، ئۇلار ئىچكى-تاشقى جەھەتتە مۇئمىنلەر بىلەنمۇ ئەمەس ۋە كاپىرلار بىلەنمۇ ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە شەك ۋە ئىككىلىنىش بار، بەزى ۋاقىتتا مۇئمىنلەرگە مايىل بولىدۇ، يەنە بەزى ۋاقىتتا كاپىرلارغا مايىل بولىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65019

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee